## 7180 ـ ئىسلامدا پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويۇشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى

### سۇئال

پەرزەنتىمگە ئىسىم قويماقچى ئىدىم، ئىسىم تاللاش ۋە قويۇشنىڭ شەرىئەتتىكى ئەدەپ-ئەخلاقلىرى قايسىلار، ئۇنى كۆرسىتىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن؟

### تەپسىلى جاۋاپ

شۈبھىسىزكى،كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا قانداق ئىسىمنى قوللىنىش تولىمۇ مۇھىم بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ چۈنكى باشقىلار مەلۇم كىشى توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى بولغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ.مەيلى بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن،ئۇ شۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلىدۇ.شۇ ئىسىم ئۇنىڭ قايسى دىنغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ،شۇنداقلا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ دىنىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.ئىسىم باشقىلارغا مۇشۇ كىشى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.كىشىلەرنىڭ ئىسىم توغرىسىدىكى ھېسسىياتى خۇددى كىيىم بەك ئۇزۇن ياكى بەك قىسقا بولۇپ قالسا ئوخشاش كۆزگە سىغمىغانغا ئوخشايدۇ.

ئىسىم قويۇشتىكى ئەڭ ئاساسىي پىرىنسىپ ئىشلىتىشكە يول قويۇلغان ئىسىملارنى قويۇشتۇر. شەرىئەتكە ئاساسلانغاندا بەزى ئىسىملارنى قويۇش شەرىئەتتە چەكلەنگەن بولۇپ ئىسىم قويغاندا شۇ ئىسىملارنى قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئىشلىتىش ھارام قىلىنغان:

1 . ئاللاھتىن باشقىغا قۇللۇقنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنى ئىشلىتىش،مەيلى ئۇ پەرىشتە ياكى پەيغەمبەر بولسۇن.ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ياكى زاتقا قۇللۇقنى بىلدۈرۈش قەتئىي چەكلەنگەن ئىشتۇر.شۇڭا ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق زاتقا قۇللۇقنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى قويۇشمۇ ھارامدۇر.مەسىلەن:ئابدۇلرۇسۇل (ئەلچىنىڭ قۇلى)،ئابدۇننەبى(پەيغەمبەرنىڭ قۇلى)،ئابدۇلئەمىر (پادىشاھنىڭ قۇلى)دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار ئاللاھتىن باشقىغا قۇللۇقنى ۋە ئاللاھتىنمۇ بەكرەك بويسۇنۇشنى ئىپادىلەپ قويىدۇ.كىملەركى ئىسمىنى مۇشۇنداق قويۇۋالغان ئىكەن دەرھال ئۆزگەرتىش لازىم.مەشھۇر ساھابە ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:"مېنىڭ ئىسمىم ئەسلى ئابدۇ ئەمىر ــ يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە ئابدۇ كەئبە ــ ئىدى،مەن مۇسۇلمان بولغان چاغدا رەسۇلۇللاھ مېنى ئابدۇراخمان دەپ چاقىردى."(ھاكىم رىۋايەت قىلغان.3/306،زەھەبى توغرا دېگەن)

2 . پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان ئىسىملارنى قويۇش.بەزى ئىسىملار پەقەت ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالاغىلا خاس بولغان ئىسىملاردۇر.مەسىلەن خالىق(ياراتقۇچى)،رازىق (رىزىق بەرگۈچى)، رەب ۋە رەھمان(ئەڭ شەپقەتلىك)دېگەندەك.بەزىلىرى پەقەت يىگانە ئاللاھقىلا خاس بولغان سۈپەتلەردۇر.مەسىلەن مالىك-ئەل-مۇلۇك(شاھلارنىڭ شاھى)،قاھىر دېگەنگە

ئوخشاش.كىشىلەرنى بۇنداق ئىسىملار بىلەن چاقىرىش ھارامدۇر.كىم بۇنداق ئىسىم قوللانغان بولسا ئۆزگەرتىشى كېرەك.ئاللاھ تائالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:"سەن ئۇنىڭ شېرىكى(ياكى ئوخشىشى) بارلىقىنى بىلەمسەن؟"(سۈرە"مەريەم"65-ئايەت)

3. روشەن كافىرلارغا خاس بولغان ۋە كافىرلاردىن باشقىلار ئىشلەتمەيدىغان ئىسىملار،مەسىلەن ئابدۇل مەسىھ،بۇتروس(پېتىر)،جۇرجوس(گىئورگى)دېگەندەك ئىسىملارنى قوللىنىش ھارامدۇر.

4. كىشىلەرنى تاغۇتنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىش ھارامدۇر.مەسىلەن ئىبلىسنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش دېگەندەك.

يۇقىرىدىكى تۆت تۈرلۈك ئىسىمنى قويۇش قەتئىي ھارام قىلىنغان.كىم بۇنداق ئىسىم قويىدىكەن ئۇ ئىسىمنى دەرھال ئۆزگەرتىشى لازىم.

تۆۋەندىكى سەككىز تۈرلۈك ئىسىمنى ئىشلىتىش مەكرۇھ:

1. مەنىسى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئىسىملارنى قويۇش مەكرۇھ. بۇنداق ئىسىملار مەنىسى ناچار،يېقىمسىز،شۇنداقلا باشقىلارنىڭ شۇ كىشىنى مەسخىرە قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.بۇ پەيغەمبەر نىڭ چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.مەسىلەن،مەنىسى سەلبىي بولغان ھەرب(ئۇرۇش)،راشاش(چېچىش دېگەندەك مەنىدە)،ھەييام_ تۆگىلەردىن تارقىلىدىغان بىر خىل كېسەللىكنىڭ ئىسمى_ دېگەندەك يېقىمسىز ئىسىملارنى قوللىنىش مەكرۇھ.

2. كىشىنى جەلپ قىلىدىغان،كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىغا تەسىر قىلىدىغان ئىسىملارنى قوللىنىش مەكرۇھ.بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئىسمىنى تاللىغاندا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.باشقىلار قىزلارنى بۇ خىل ئىسىم بىلەن چاقىرغاندا بەزى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىشى ۋە شۇ قىز توغرىسىدا يامان خىياللاردا بولۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

3. ناخشىچى،ئارتىس قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى بىر ئەخلاقسىز ئىنسانلارنىڭ ئىسىملىرىنى دوراپ قويۇشقا بولمايدۇ.ئەگەر ئۇلارنىڭ ياخشى ئىسىملىرى بولسا قوللىنىشقا بولىدۇ،لېكىن مەقسەت شۇ ئىسىمنىڭ مەنىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى بولۇشى كېرەككە ھەرگىزمۇ ئۇ كىشىلەرنى دوراش بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

4. يامان ئىش، گۇناھ_مەئسىيەتلەرنى ئىسىم قىلىپ قوللانماسلىق كېرەك.مەسىلەن،سارىق(ئوغرى) ياكى زالىم دېگەندەك؛فىرئەۋننىڭ ياكى گۇناھكارلارنىڭ ئىسمىنى قوللانماسلىق كېرەك.مەسىلەن:فىرئەۋن،ھامان،قارۇن..دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇش مەكرۇھ .

5. كىشىلەر ئارىسىدا يامان خىسلەتلەر بىلەن تونۇلغان ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش مەكرۇھ.مەسىلەن:ھىمار(ئېشەك)،كەلب(ئىت)،قىرد(مايمۇن)دېگەنگە ئوخشاش.

6. دىن ياكى ئىسلام دېگەندەك سۆزلەر قوشۇلغان ئىسىملارنى قويۇش مەكرۇھ.مەسىلەن، نۇرىددىن(دىنىنىڭ نۇرى)،شەمسىددىن(دىنىنىڭ قۇياشى)،نۇرۇل ئىسلام،شەمسۇل ئىسلام دېگەنگە ئوخشاش.بۇنداق ئىسىملار كىشىگە ئۆزى لايىق بولمىغان سۈپەتلەرنى بېرىپ قويىدۇ.سەلەف ئالىملىرى بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئۆزىگە لەقەب بولۇپ چاقىرىلىشىنى يامان كۆرەتتى.ئىمام نەۋەۋى(ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) باشقىلارنىڭ ئۆزىنى "مۇھيىددىن"(دىننى قايتا بەرپا قىلغۇچى)دەپ چاقىرىشىنى يامان كۆرگەن؛شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) ھەم ئۆزىنىڭ لەقىبى بولغان

"تەقييددىن"(دىننى قوغدىغۇچى)دېگەن ئىسىمنى يامان كۆرگەن.ئۇ دائىم:ماڭا بۇ لەقەبنى ئائىلەم بەردى،شۇڭلاشقا بىلەن ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى"دەيتتى.

7. ئالالاھنىڭ ئىسىملىرىغا بەندىچىلىكنى ئىپادىلەيدىغان"ئابدۇ")يەنى ئابدۇللاھ (كەلىمىسىدىن باشقا سۆزلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىش مەكرۇھ.مەسىلەن ھەسبۇللاھ،رەھمىتۇللاھ دېگەندەك.شۇنداقلا رەسۇل سۆزىگىمۇ باشقا سۆزلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىش مەكرۇھ.

8. پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش ۋە قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش مەكرۇھ.مەسىلەن تاھا،ياسىن دېگەندەك.بۇ ئىسىملار ھۇرۇفۇل مۇقەتتەئ (بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ھەربلەر؛مەنىسىنى پەقەت بىر ئالالاھ بىلىدۇ-تەرجىماندىن)تۇر. ئۇئىسىملار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن ئەمەس.بۇ توغرىدا ئىزدەنمەكچى بولسىڭىز ئىبنۇل قەييىمنىڭ تۇھفەتۇل مەۋدۇد دېگەن كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.109-بەت.

بۇ ئىسىملارنى قوللىنىش،باشقىلارغا ئىسىم قىلىپ قويۇش مەكرۇھتۇر.ئەگەر بىر كىشىنىڭ مۇشۇنداق ئىسمى بولسا،ئائىلىسى تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىش قېيىن بولسا قوللىنىۋەرسە بولىدۇ.

تۆۋەندىكى بەش خىل ئىسىم ياخشى ئىسىملاردىندۇر:

1. ئەڭ ياخشى ئىسىملار ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرەھماندۇر. بۇ رەسۇلۇللاھ نىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان بولۇپ،رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:"ئالالاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىم ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھماندۇر"(سەھىھ مۇسلىم 1398-ھەدىس)

2. ئالالاھنىڭ ئىسىملىرىغا ئابدۇ سۆزى قوشۇلغان ئىسىملار،مەسىلەن ئابدۇلئەزىز، ئابدۇرەھىم، ئابدۇلمەلىك ،ئابدۇلئىلاھ،ئابدۇسسالام دېگەندەك.

3. پەيغەمبەرلەر-ئالالاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن-نىڭ ئىسىملىرى.ھېچ شۈبھىسىزكى ئەڭ ياخشى �سىم مۇھەممەد سەللەللاھۇ �لەيھى ۋەسەللەمنىڭ �سمىدۇر.ئەھمەد ھەم ئۇنىڭ ئىسمىدۇر.ئۇنىڭدىن قالسا "ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر(سۈرە "ئەھقاف"35-ئايەت)نىڭ ئىسىملىرى،ئىبراھىم،مۇسا، ئىيسا ۋە نۇھ.ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى ياخشىدۇر.

4. ئالالاھنىڭ توغرا يولدىكى بەندىلىرىنىڭ ئىسىملىرى.رەسۇلۇللاھ بارلىق ساھابىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ياخشىدۇر.ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش،شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىش ۋە ئېخىمۇ يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش مۇستەھەپتۇر.

5. كىشىنى خوش قىلىدىغان،مەنىسى ياخشى بولغان ئىسىملار.

ئىسىم قويۇشتا يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. شۇ ئىسىمنىڭ ئاشۇ كىشىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.ئەگەر ئۇ شۇ ئىسىم سەۋەبلىك بەزى ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇقسا بەلكى دادىسىن ياكى شۇ ئىسىمنى قويغۇچىدىن رەنجىشى،يامان كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن.

2. تاللىماقچى بولغان ئىسىمنى بىر قانچە تەرەپتىن ئويدان ئويلىنىش كېرەك.شۇ ئىسىم شۇ كىشىنىڭ ياشلىق ۋاقتىدا قانداق ئاڭلىنىدۇ،ئۆسمۈر چېغىدا ياكى قېرىغان ۋاقتىدا قانداق ئاڭلىنىدۇ،ئۇنىڭ پەرزەنتى پالانىنىڭ ئوغلى/ قىزى دەپ چاقىرىلىشقا خوشال بولامدۇ،دادىسى پالانىنىڭ دادىسى دەپ چاقىرىلىشقا خوشال بولامدۇ دېگەنگە ئوخشاش.

3. ئىسىم قويۇش دادىنىڭ ھوقۇقىدۇر.چۈنكى ئۇ بالا شۇ دادىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدۇ،پالانىنىڭ ئوغلى ،پالانىنىڭ قىزى

دىگەندەك.لېكىن دادىغا نىسبەتەن ئايالىنىڭ ئارزۇلىرىغا قۇلاق سېلىش،ئۆزى تاللىغان ئىسىم توغرىسىدا ئانىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ۋە ماقۇللىقىنى ئېلىش مۇستەھەپتۇر.

4. بالا چوقۇم دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىشى كېرەك.مەيلى دادىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بولسۇن،بالىسىدىن خەۋەر ئالمايدىغان، ھەتتا بالىسىنى بىرەر قېتىم كۆرۈپ باقمىغان بولسۇن.بالىنى دادىسىدىن باشقا كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىش ھارامدۇر.پەقەت بىر خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا،ئەگەر تۇغۇلغان بالا زىنادىن تۇغۇلغان بولسا ئۇ چاغدا ئانىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدۇ،بۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشقا بولمايدۇ.